شى جىنپىڭ 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىدۇ

دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مەسئۇلى زىيارەتنى قوبۇل قىلىپ، ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى خۇا چۈنيىڭ 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مۇنداق جاكارلىدى: دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بېيجىڭدا 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىدۇ.

بۇ قېتىمقى باشلىقلار يىغىنى بۇ يىللىق 20 دۆلەت گۇرۇھى رەئىس دۆلىتى سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىنىڭ باشچىلىقىدا، سىن شەكلىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر جېڭ مىڭدا) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ما چاۋشۇ خەلق گېزىتى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە جۇڭگو گېزىتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، باشلىقلار يىغىنىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۈمىدىنى تونۇشتۇردى.

ما چاۋشۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 20 دۆلەت گۇرۇھى (G20) رەھبەرلىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنى 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ، رەئىس شى جىنپىڭ باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. G20گە ئەزا، مېھمان دۆلەتلەر ھەمدە مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتنىشىدۇ. بۇ G20 تارىخىدىكى تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان رەھبەرلەرنىڭ سىن باشلىقلار يىغىنى، شۇنداقلا يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، رەئىس شى جىنپىڭ قاتنىشىدىغان تۇنجى مەيدان مۇھىم، زور كۆپ تەرەپلىك پائالىيەت.

ما چاۋشۇ مۇنداق دېدى: ھازىر، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يەر شارىدا كۆپ نۇقتىدا پارتلاپ، يامراپ، ئېغىر سىياسىي، ئىقتىسادىي، جەمئىيەت تەسىرى پەيدا قىلدى. خەلقئارا جەمئىيەت ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى جىددىي ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ. G20 بولسا يەر شارىۋى كرىزىسقا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم سۇپا، ئاساسلىقى تەرەققىي تاپقان ئىقتىسادىي گەۋدە ۋە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار ئىگىلىكى گەۋدىسىنى مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، 2008 - يىلىدىكى خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىغا تاقابىل تۇرۇشتا مۇھىم رولنى جارى قىلدۇرغان. مۇشۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە، G20نىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى توغرىسىدا مەخسۇس باشلىقلار يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، يۇقۇمنىڭ يامرىشىغا تاقابىل تۇرۇش، دۇنيا ئىقتىسادىنى مۇقىملاشتۇرۇش ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇشى، ماسلاشتۇرۇشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ما چاۋشۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلىشى، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىشى بىلەن، دۆلىتىمىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۈكسەك ماختىشىغا ئېرىشتى. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىدىغانلىقى جۇڭگونىڭ خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى قەتئىي ئىرادىسىنى نامايان قىلدى، جۇڭگونىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشتا تۈرتكە بولۇشتىكى چوڭ دۆلەتلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى نامايان قىلدى، جۇڭگونىڭ G20نىڭ ماسلىشىش - ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىش، دۇنيا ئىقتىسادىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى قوللاشتىكى ئاكتىپ پوزىتسىيەسىنى نامايان قىلدى. بىز بۇ قېتىمقى ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىدىن تۆۋەندىكىدەك ئۈمىدلەرنى كۈتىمىز:

بىرىنچى، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش. ۋىرۇس دۆلەت چېگراسى ئايرىمايدۇ، يۇقۇم ئالدىدا ھەرقانداق دۆلەت ئۆزىنىلا ئويلىسا بولمايدۇ. پەقەت بىر نىيەتتە ھەمكارلاشقاندىلا، يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىلى، ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرغىلى، تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. G20نىڭ ئەزالىرى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، خىرىسقا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشنىڭ كۈچلۈك سىگنالىنى قويۇپ بېرىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىشەنچىسىنى ئۇرغۇتۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش. پۈتۈن يەر شارىدا يۇقۇمنىڭ تېز يامرىشى ئالدىدا، خەلقئارا ھەمكارلىق ئىنتايىن مۇھىم. جۇڭگو تەرەپ دۆلەت ئىچىدىكى ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، قىيىنچىلىقى بار دۆلەتلەرگە ۋاقتىدا قۇربىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىدۇ. بىز ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن تەجرىبىلەردىن ئورتاق بەھرىلىنىپ، ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى ئورتاق كۈچەيتىپ، جىددىي ئېھتىياجلىق داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ مال سېتىۋېلىشىنى قولايلىق بىلەن تەمىنلەيمىز. G20نىڭ ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، زىچ ماسلىشىپ، خەلقئارا ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى ئورتاق قوغدىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۈچىنچى، ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش. يۇقۇم يەر شارىۋى ئىقتىسادقا ئېغىر زەربە بولدى. ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتتە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىپ، يەر شارىۋى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا مۇھىم رولنى جارى قىلدۇردى. بىز ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ماكرولۇق ئىقتىساد سىياسىتىنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، زۆرۈر بولغان مالىيە، پۇل ۋە قۇرۇلما خاراكتېرلىك سىياسەتلەرنى قوللىنىپ، بازارنى ئېچىۋېتىشكە تۈرتكە بولۇپ، يەرشارىۋى تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئوچۇق، مۇقىم، بىخەتەر ۋە راۋان يۈرۈشۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، بازار ئىشەنچىسىنى ئۇرغۇتۇشتا ئىجابىي رولنى جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئومۇملاشتۇرغاندا، جۇڭگو تەرەپ G20دىكى باشقا ئەزالار بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، بۇ قېتىمقى ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىدا پائال نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

دەسلەپكى مەزگىلدە، سىز جۇڭگو تەرەپتىن ھال سورايدىغانلىقىڭىز ۋە قوللايدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈردىڭىز، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ۋە ھەر ساھە بەس - بەستە ياردەم قولىنى سۇندى، جۇڭگو خەلقى بۇنى ئېسىدە چىڭ ساقلايدۇ. نۆۋەتتە گېرمانىيە يۇقۇمنىڭ كەسكىن خىرىسىغا دۇچ كەلمەكتە، جۇڭگو خەلقىمۇ ئوخشاش ھېسسىياتتا. جۇڭگو تەرەپ گېرمانىيە تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى قەتئىي قوللايدۇ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە داۋاملىق ياردەم بېرىشنى خالايدۇ. ئىككى دۆلەت مۇتەخەسسىسلىرى سىن ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇردى، گېرمانىيە مۇتەخەسسىسلىرىمۇ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى بىلەن بىللە جۇڭگوغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى. جۇڭگو تەرەپ گېرمانىيە تەرەپ بىلەن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە داۋالاش تەجرىبىلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، ۋاكسىنا ۋە دورا تەتقىق قىلىپ ئېچىش جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ساغلاملىقى، بەخت - سائادىتى ھەمدە يەر شارىۋى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ. سىزنىڭ گېرمانىيە خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، يۇقۇمنى بالدۇرراق يېڭىشىڭلارغا تىلەكداشمەن!

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ۋىرۇسنىڭ دۆلەت چېگراسى بولمايدۇ، بۇ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن ئورتاق خىرىس. ھەرقانداق دۆلەت ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ئۆزىنىلا ئويلاپ باشقىلار بىلەن كارى بولمىسا بولمايدۇ. بۇ قېتىمقى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا، جۇڭگو - گېرمانىيە، جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق كۈچىنى نامايان قىلىپ، ئاكتىپ كۈچنى جارى قىلدۇردى. 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرماقتا. جۇڭگو تەرەپ گېرمانىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بولغان ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ساداسىنى ياڭرىتىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىشەنچىسىنى ئۇرغۇتۇشنى خالايدۇ. ھازىر ۋە كەلگۈسىگە تەڭ ئېتىبار بېرىپ، دۆلەت ئىچى ئېففېكتى بىلەن يەر شارىۋى تەسىرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ماكرولۇق ئىقتىساد سىياسىتىنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بازارنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئېشىشنى ساقلاپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى مۇقىملاشتۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە، بازارنى ئېچىۋېتىشكە تۈرتكە بولۇپ، يەر شارىۋى تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئوچۇق، مۇقىم، بىخەتەر بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو - گېرمانىيە ئىككى تەرەپ مۇھىم سىياسىي قارارلارنى پىلانلاشنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو - گېرمانىيە، جۇڭگو - ياۋروپا كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يېڭى گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەردىكى ھەمكارلىق يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ، يۇقۇمنىڭ زەربىسىنى ئازايتىشى كېرەك.

مېركېل مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھازىر ياۋروپادا يۇقۇم ۋەزىيىتى جىددىي بولۇۋاتىدۇ، گېرمانىيە تەرەپ كەسكىن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللانماقتا. گېرمانىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ ۋاقتىدا قىممەتلىك ياردەم بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ۋاكسىنا، دورا تەتقىق قىلىپ ئېچىش قاتارلىق ساھەلەردىكى پەن تەتقىقات ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا ئۈلگە تىكلەشنى ئۈمىد قىلىدۇ. گېرمانىيە تەرەپ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئوبيېكتىپ، ئادىل مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارا ھەمكارلىق ئارقىلىق يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ ئەزالىرى ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا قوللاپ، ھازىرقى كرىزىسنى يېڭىش، يەر شارىۋى ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇشتا باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. گېرمانىيە تەرەپ يۇقۇمدىن كېيىن جۇڭگو تەرەپ بىلەن بولغان گېرمانىيە - جۇڭگو، ياۋروپا - جۇڭگو مۇھىم ئالاقە، ھەمكارلىقنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايوننىڭ ئەتىياز پەسىللىك ئورمان، ئوتلاق ئوت مۇداپىئە - ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئېچىلدى

ئورمان، ئوتلاق ئوت مۇداپىئە - ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتىنى قەتئىي، كەسكىن ياخشى تۇتۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ شياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەتىياز پەسىللىك ئورمان، ئوتلاق ئوت مۇداپىئە - ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىز ئەتىياز پەسىللىك ئورمان، ئوتلاقلاردا ئوت ئاپىتى كۆپ، ئۆزلۈكسىز يۈز بېرىدىغان مەزگىلگە، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئاچقۇچلۇق مەزگىلگە قەدەم قويدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمان، ئوتلاقلاردىكى ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىم بولسىمۇ، بىراق ئوت ئاپىتى خەۋپى دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇش، كەسپىي كۈچلەر يېتەرسىز بولۇش قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئورمان، ئوتلاقلاردا ئوت مۇداپىئە - ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئورمان، ئوتلاقلاردا ئوت مۇداپىئە - ئوت ئۆچۈرۈش ئىشلىرىدا دۇچ كەلگەن كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى توغرا ئىگىلەپ، ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇپ، ئورمان، ئوتلاقلاردا ئوت مۇداپىئە - ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك. خىزمەت تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، يوشۇرۇن خەۋپنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى زورايتىپ، ئوت مەنبەسىنى باشقۇرۇشنى قاتتىق تۇتۇپ، سىگنال بېرىش، كۆزىتىپ ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش دەسلەپكى لايىھەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئوت ئەھۋالىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ئورمان، ئوتلاقلاردا ئوت مۇداپىئە - ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، تەدبىرلەرنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، زور ئورمان ئوت ئاپىتى يۈز بەرمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى، مۇقىملىق خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلىشى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، «13 - بەش يىللىق» يىرىك پىلان نىشان - ۋەزىپىسىنى تاماملاش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشى، ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكى كاپالىتى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەز سىياسىي - قانۇن خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي - قانۇن خىزمىتىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنى مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاق - مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشنى دائىمىيلاشتۇرۇشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى، شەھەر رايونىنىڭ جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى، سىياسىي - قانۇن ساھەسىدە ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان سىياسىي - قانۇن قوشۇنى قۇرۇشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، سىياسىي - قانۇن خىزمىتىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تىنچ - ئامان شىنجاڭ، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشى، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىخەتەر سىياسىي مۇھىت، مۇقىم جەمئىيەت مۇھىتى، ئادىل قانۇنچىل مۇھىت، ئەلا مۇلازىمەت مۇھىتى يارىتىشى كېرەك.

بىرىنچىدىن، قەتئىي تەۋرەنمەي دۆلەتنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكىنى قوغداش كېرەك. ئومۇمىي دۆلەت بىخەتەرلىكى قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر دۆلەتنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، يېڭى يۈزلىنىش، يېڭى ئالاھىدىلىكلەرنى توغرا ئىگىلەپ، ئۈنۈپېرسال تەدبىر قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك سىياسىي بىخەتەرلىك خەۋپ - خەتىرى يوشۇرۇن خەۋپىنى قەتئىي تۈگىتىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، قەتئىي تەۋرەنمەي جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك. ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىش، ھوشيارلىقنى دائىم ساقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۈەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، يۈرگۈزۈشكە بولىدىغان ئۈنۈملۈك مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىدە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، ھادىسىنىمۇ، ماھىيەتنىمۇ تۈزەپ، ئۈنۈپېرسال تەدبىر يۈرگۈزۈپ، تىنچ، تەرتىپلىك، ئىناق، مۇقىم جەمئىيەت مۇھىتىنى ئومۇميۈزلۈك يارىتىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، قەتئىي تەۋرەنمەي مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىگە قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش ۋە تەشۋىق - تەربىيەنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، قەتئىي تەۋرەنمەي دىنلارنىڭ ئېجىللىقى، ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا غەمخورلۇق قىلىش، ئۇلارنى يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، دىننىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشىغا پائال يېتەكلەش كېرەك.

بەشىنچىدىن، قەتئىي تەۋرەنمەي جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش ئەندىزىسىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەر رايونىنىڭ جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى، زىددىيەت - ماجىرالارنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈپ تۈگىتىش، ئاممىۋى بىخەتەرلىكنى باشقۇرۇش، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى ياخشى تۇتۇپ، جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تىنچ - ئامان شىنجاڭ قۇرۇش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، قەتئىي تەۋرەنمەي سىياسىي - قانۇن ساھەسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، ماس، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سىياسىي - قانۇن ئاپپاراتى فۇنكسىيە سىستېمىسىنى كۈچەپ ئەلالاشتۇرۇپ، قانۇن يۈرگۈزۈش ھوقۇقى نازارەتچىلىكى ۋە قانۇن نازارەتچىلىكى مېخانىزمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دەۋا تۈزۈمى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سىياسىي - قانۇن ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پەن - تېخنىكا ۋاستىسى قۇرۇلۇشىنى تەتبىقلاشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سىياسىي - قانۇن ساھەسىدە ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تېز تۈرتكە بولۇپ، بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەنىڭ سىياسىي - قانۇن خىزمىتىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر سىياسىي مەيدان، سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي پرىنسىپ، سىياسىي يولدا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سىياسىي - قانۇن خىزمىتى نىزامى»نى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر جاينىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، بىر جاينىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىشى؛ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتى سىياسىي - قانۇن كومىتېتلىرى سىياسىي - قانۇن خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان تۈزۈلمە - مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك سىياسىي - قانۇن خىزمەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تەشكىللىشى، تۈرتكە بولۇشى؛ سىياسىي - قانۇن ئورۇنلىرىدىكى ھەرقايسى پارتىيە گۇرۇپپىلىرى (پارتىيە كومىتېتلىرى) سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي - قانۇن خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم - كوتىسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. قانۇنچىلىقنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەش، كۆزلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئۇزاق كەلگۈسىگە نەپ يەتكۈزۈش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك. سىياسىي، ئىستىل، ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قاتتىق باشقۇرۇش بىلەن كۆيۈنۈشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشىنىدىغان، تايىنىدىغان، خاتىرجەم بولىدىغان بىر سىياسىي - قانۇن قوشۇنىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىشى كېرەك. ۋاستىدە يېڭىلىق يارىتىپ، تەشۋىقات مەزمۇنىنى بېيىتىپ، يېڭى دەۋردىكى سىياسىي - قانۇن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئاممىۋى پىكىر كەيپىياتى يارىتىشى كېرەك.

ۋاڭ جۈنجېڭ سۆزىدە مۇنداق كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سىياسىي - قانۇن خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسىي - قانۇن خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، خاتىرجەم شارائىتتا خەۋپ - خەتەرنى ئويلاپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىللىقى، ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشتا يېڭىلىق يارىتىپ، سىياسىي - قانۇن ساھەسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، سىياسىي - قانۇن قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇش سەۋىيەسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي - قانۇن خىزمىتىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىن تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۈەن رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئەزالىرى، شىنجاڭ ھەربىي رايوندىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى ۋە ئاپتونوم رايون (مەركەز)غا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.